# 22203 - بەندە قىيامەت كۈنى سوراققا تارتىلىدىغان سوئاللار قايسى ؟

## سوئال

بىزگە قىيامەت كۈنىدىكى ئازاپلار ۋە سوئال-سوراقلار ھەققىدە سۆزلەپ بەرەمسىلەر؟

## تەپسىلى جاۋاپ

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن .

قۇرئان ۋە ھەدىيستە ئىسپاتلانىدىكى ، بىر ئادەم ئۆلسە ، ئۇ بۇدۇنيادا قىلغان ياخشى بولسۇن ياكى ئەسكى بولسۇن بارلىق چوڭ ۋە كىچىك ئىشلىرى ئۈچۈن ھىساپ-كىتاپ قىلىنىدۇ . ياخشى ئىشقا مۇكاپاتلىنىدۇ ، ئەسكى ئىشقا جازالىنىدۇ . ھىساباتنىڭ بىرىنچى سەھنىسى قەبرىدە بولىدۇ . ئادەمدىن قەبرىدە سوراققا تارتىلىدىغان بىرىنچى نەرسە : پەرۋەردىگارىڭ كىم؟ دىنىڭ نىمە ؟ سىلەرگە ئەۋەتىلگەن بۇ كىشى كىم ؟ ، ئەبۇ داۋۇد سۈنەنىدە( 4753) نەقىل قىلغان بەرا بىن ئازىبنىڭ ھەدىيسىدە كەلگەندەك . ئەلبانىي سەھىيھ ئەبۇ داۋۇدتا (2979) ئۇنى سەھىيھ دەپ تۆرگە ئايرىغان .

ئاندىن گەرچە ئۇ قەبرىدە سوراققا تارتىلغان بولسىمۇ ، قىيامەت كۈنى ھەر بىر چوڭ ۋە كىچىك ئىش-ئەمەللىرى ئۈچۈن سوراققا تارتىلىدۇ ھەمدە بىرىنچى بولۇپ سوراققا تارتىلىدىغان نەرسە بولسا ناماز .

ئەبۇ ھۇرەيرىدىن نەقىل قىلىندىكى ، پەيغەمبەر( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) مۇنداق دىگەن : « قىيامەت كۈنى كىشىلەر ئىش-ئەمەللىرى ئىچىدە بىرىنچى بولۇپ سوراققا تارتىلىدىغان نەرسە بولسا ناماز . پەرۋەردىگارىمىز گەرچە ئۆزى ياخشى بىلسىمۇ ، پەرىشتىلەرگە دەيدۇ : **« بەندەمنىڭ نامىزىغا قاراڭلار ، تولۇقمىكەن ياكى كەممىكەن ؟»** ئەگەر ئۇ تولۇق بولسا ، تولۇق دەپ خاتىرلىنىدۇ . ئەگەر ئۇ كەم بولسا ، ئۇ دەيدۇ :**« قاراڭلار ! بەندەمنىڭ نەپلى نامىزى بارمۇ-يوق ؟ »** ئەگەر ئۇنىڭ نەپلى نامىزى بولسا ، ئۇ : **« بەندەمنىڭ پەرىز نامىزىنى ئۇنىڭ نەپلە نامىزىدىن تولۇقلاڭلار ! »** دەيدۇ . ئاندىن قالدى ئىش-ئەمەللىرىمۇ شۇ ئۇسۇلدا تەكشۈرلىدۇ . » [ ئەبۇ داۋۇد نەقىل قىلغان ، 864 . ئەلبانىي سەھىيھ ئەبۇ داۋۇدتا سەھىيھ دەپ تۆرگە ئايرىغان ، 770 ]

قىيامەت كۈنى كىشىلەر باشقا ئىشلار ھەققىدىمۇ سوراققا تارتىلىدۇ :

ئىبنۇ مەسئۇدتىن( ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) نەقىل قىلىندىكى ، پەيغەمبەر ( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) مۇنداق دىگەن : **« قىيامەت كۈنى ئادەم بالىسىنىڭ قەدىمى تاكى بەش نەرسە ھەققىدە سوراققا تارتىلماي تۇرۇپ پەرۋەردىگارىنىڭ ھوزۇرىدىن ئايرىلمايدۇ : ئۆمرىنى نىمە بىلەن تۈگەتتى ، ياشلىقىنى نىمە بىلەن قېرىتتى ، پۇل-مىلىنى قەيەردىن تاپتى ۋە نىمىگە خىراجەت قىلدى ، ھەمدە ئۇ ئۆگەنگەن بىلىمىگە قانداق ئەمەل قىلدى . »** [ تىرمىزىي نەقىل قىلغان ، 2422 . ئەلبانىي ئۇنى سەھىيھ تىرمىزىيدا ياخشى

ھەدىيس دەپ تۆرگە ئايرىدى ، 1969 ]

ھەممە قىيامەت كۈنى ئۈممەتلەر سوراققا تارتىلىدۇ :

**«ئەلچىلەرگە نىمە دەپ جاۋاپ بەردىڭلار ؟ »** [ قەسەس( ھكايىلەر) : 65 ]

بۇلار بولسا بەندە قىيامەت كۈنى سوراققا تارتىلىدىغان بىر قىسىم نەرسىلەر بولۇپ ، ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇشقا ھىرسمەن دانا بەندە بۇ سۇئاللارغا جاۋاپ تەييارلىشى كىرەك .

ئاللاھتىن بىزنى توغرا يولغا يىتەكلىشىنى سورايمىز .

ھەممىدە ئاللاھ ياخشى بىلىدۇ .